بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# ئىسلام ئاۋازى گېزىتى

63- سان

قوش ھەپتىلىك گېزىت

ھىجرىيە: 1440/08/06

مىلادىيە: 2019/04/12

ئىسلام ئاۋازى
ISLAM AWAZI

ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات بۆلۈمى

http://www.muhsinlar.com t.me/@eserler t.me/@islamawazi

## ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ: «حَدَّثَنَا رَسُولُ اللَّهِ ﷺ وَهُوَ الصَّادِقُ الْمَصْدُوقُ: <إِنَّ أَحَدَكُمْ يُجْمَعُ خَلْقُهُ فِي بَطْنِ أُمِّهِ أَرْبَعِينَ يَوْمًا نُطْفَةً، ثُمَّ يَكُونُ عَلَقَةً مِثْلَ ذَلِكَ، ثُمَّ يَكُونُ مُضْغَةً مِثْلَ ذَلِكَ، ثُمَّ يُرْسِلُ اللَّهُ إِلَيْهِ الْمَلَكَ، فَيَنْفُخُ فِيهِ الرُّوحَ وَيُؤْمَرُ بِأَرْبَعِ كَلِمَاتٍ: بِكَتْبِ رِزْقِهِ وَعَمَلِهِ وَأَجَلِهِ وَشَقِيٌّ أَوْ سَعِيدٌ، فَوَاللَّهِ الَّذِي لَا إِلَهَ غَيْرُهُ إِنَّ أَحَدَكُمْ لَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ الْجَنَّةِ حَتَّى مَا يَكُونُ بَيْنَهُ وَبَيْنَهَا إِلَّا ذِرَاعٌ، فَيَسْبِقُ عَلَيْهِ الْكِتَابُ فَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ النَّارِ فَيَدْخُلُهَا، وَإِنَّ أَحَدَكُمْ لَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ النَّارِ حَتَّى مَا يَكُونُ بَيْنَهُ وَبَيْنَهَا إِلَّا ذِرَاعٌ، فَيَسْبِقُ عَلَيْهِ الْكِتَابُ فَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ الْجَنَّةِ فَيَدْخُلُهَا>» (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ وَمُسْلِمٌ).

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنەدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «راست سۆزلىگۈچى ۋە راست سۆزلەنگۈچى بولغان رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە مۇنداق دېدى: <شەك ـ شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ يارىتىلىشى ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قىرىق كۈن مەنى ھالەتتە، قىرىق كۈن لەختە قان ھالەتتە، قىرىق كۈن بىر چىشلەم گۆش ھالەتتە بولىدۇ، ئاندىن الله تعالى ئۇ ھامىلىگە پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ. پەرىشتە ئۇ ھامىلىگە روھنى پۈۋلەيدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇ پەرىشتە تۆۋەندىكى تۆت ئىشنى يېزىشقا بۇيرۇلىدۇ: (بىرىنچىسى،) ئۇنىڭ رىزقى؛ (ئىككىنچىسى،) ئۇنىڭ ئەملى؛ (ئۈچىنچىسى،) ئۇنىڭ ئەجىلى؛ (تۆتىنچىسى،) ئۇنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز ئىكەنلىكى. ئۆزىدىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھ بولمىغان الله بىلەن قەسەمكى! سىلەرنىڭ بىرىڭلار جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، ھەتتاكى ئۇنىڭ بىلەن جەننەتنىڭ ئارىلىقى بىر گەز قالغاندا لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغىنى غالىب كېلىپ دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ ـ دە، ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىز، سىلەرنىڭ بىرىڭلار جەھەننەم ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، ھەتتاكى ئۇنىڭ بىلەن جەھەننەمنىڭ ئارىلىقى بىر گەز قالغاندا لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغىنى غالىب كېلىپ جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ ـ دە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ>» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

### ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، الله تعالىنىڭ بەندىلىرىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى، يەنى ئىنسانلار ئانىلىرىنىڭ قارنىدىكى ۋاقتىدىلا الله تعالى ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان پەرىشتىلەرنى مۇئەككەل قىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا دۇنياغا تۇغۇلغاندا ۋە ئۆلگەندە ھەم پەرىشتىلەرنى مۇئەككەل قىلىدىغانلىقى.

ئىككىنچى، بۇ ھەدىستىكى «ئىنساننىڭ رىزقى، ئەجىلى، ئەملى، بەختسىز ياكى بەختلىك ئىكەنلىكى پۈتۈلدى» دېگەنلىكتىن «رىزقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ سەۋەبلىرىنى تۇتماسلىقىمىز كېرەك» دېگەنلىك چىقامدۇ؟ ياق! ئۇنداق ئەمەس، بەلكى بىز رىزقنىڭ سەۋەبلىرىنى ياخشى تۇتۇشىمىز لازىم، رىزقنىڭ سەۋەبلىرىنى تۇتۇشىمىز رىزقنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر.

ئۈچىنچى، ئىنساننىڭ ئۆز تەقدىرىگە نېمىنىڭ پۈتۈلگەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىگە مەنپەئەت يېتىدىغان ۋە ئۆزىگە پايدىلىق دەپ بېكىتىلگەن نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشقا ۋە ئۆزىگە پايدىسىز، زىيانلىق بولغان نەرسىنى تەرك ئېتىشكە بۇيرۇلغانلىقى.

تۆتىنچى، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاخىرى بەختسىز ياكى بەختلىك بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ بىرى بىلەن بولىدىغانلىقى. الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەتبەخت (جەھەننەم ئەھلى) بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن (جەننەت ئەھلى) بولىدۇ» (سۈرە ھۇد 105 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

بەشىنچى، ئەمەللىرىمىزنىڭ خاتىمىسىنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، الله تعالىدىن مۇشۇ دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشنى سوراپ دۇئا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى.

ئالتىنچى، ئەمەللىرىمىزنىڭ خاتىمىسىنىڭ يامان بولۇپ قېلىشىدىن پاناھ تىلەپ، اللهتىن ئۇنى ياخشى قىلىپ بېرىشنى سوراشنىڭ لازىملىقى.

يەتتىنچى، ئەمەللەرنىڭ دوزاخ ۋە جەننەتكە كىرىشكە سەۋەب بولىدىغانلىقى.

سەككىزىنچى، بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشنى اللهتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغانلىقى.

توققۇزىنچى، تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكى. ئىنساننى خار بىر سۇدىن يارىتىشقا قادىر بولغان اللهنىڭ بۇ ئىنساننى قايتا تىرىلدۈرۈشكە ھەم قادىر ئىكەنلىكى.

ئونىنچى، بۇ ھەدىسنىڭ ئىماننىڭ ئالتىنچى رۈكنى بولغان قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغانلىقى.

## دىنىي ئەھكاملار

### ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

لېكىن، ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسىدىكىلەر ئىسلام (يەككە اللهقا قۇلچىلىق قىلىش) ئۈستىدە ۋاپات بولغان كىشىنى الله تعالى ئومۇمىي ھالەتتە ئۇنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ كالامى (سۆزى) بولغان قۇرئان كەرىمدە جەننەتنى ئوچۇق ۋەدە قىلغاندەك، «ئۇ جەننەت ئەھلى، إن شاء الله» دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ سَنُدْخِلُهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا وَعْدَ اللَّهِ حَقًّا وَمَنْ أَصْدَقُ مِنَ اللَّهِ قِيلًا﴾ «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرگۈزىمىز. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. اللهنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، اللهتىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟ (يەنى اللهتىنمۇ راست سۆزلۈك ھېچ ئەھەدى بولمايدۇ)» (سۈرە نىسا 122 ـ ئايەت).

بۇ ھەقتە الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّالْمُتَّقِينَ فِي جَنَّاتٍ وَنَهَرٍ ۞ فِي مَقْعَدِ صِدْقٍ عِنْدَ مَلِيكٍ مُقْتَدِرٍ﴾ «شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە بولىدۇ، (سۇ، مەي، ھەسەل، سۈت) ئۆستەڭلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ [54]. (ئۇلار) قۇدرەتلىك اللهنىڭ دەرگاھىدا كۆڭۈلدىكىدەك جايدا بولىدۇ [55]» (سۈرە قەمەر 54 ـ ۋە 55 ـ ئايەت).

ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى اللهتىن باشقا ھەقىقىي ئىبادەت قىلىنغۇچى يوق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھالدا ئۆلسە جەننەتكە كىرىدۇ» (ئىمام مۇسلىم توپلىغان).

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله تعالىغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلسە جەننەتكە كىرىدۇ» (ئىمام مۇسلىم توپلىغان).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، كاپىرلار، مۇشرىكلار، مۇناپىقلار ۋە ئۇلار بىلەن ئورتاق يول تۇتقانلار دوزاخ ئەھلىدىندۇر. كىمكى ئىسلام دىنىدىن باشقا بىر دىننى ياكى نىزام (قانۇن)نى دىن قىلىپ (ياكى نىزام قىلىپ) تۇتسا، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىدۇر. ئەگەر ئۇلار شۇنىڭ ئۈستىدە ئۆلگەن بولسا جەھەننەمدىن ھەرگىز قۇتۇلالمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ الله ھەققىدە قىلغان جىنايىتى ئىنتايىن ئېغىردۇر. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا وَكَذَّبُوا بِآيَاتِنَا أُولَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾ «كاپىرلار ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ» (سۈرە بەقەرە 39 ـ ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ وَالْمُشْرِكِينَ فِي نَارِ جَهَنَّمَ خَالِدِينَ فِيهَا أُولَئِكَ هُمْ شَرُّ الْبَرِيَّةِ﴾ «ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلاردىن كاپىر بولغانلار ھەقىقەتەن دوزاخقا كىرىدۇ. دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياماننىدۇر» (سۈرە بەييىنە 6 ـ ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَسْأَلُونَكَ عَنِ الشَّهْرِ الْحَرَامِ قِتَالٍ فِيهِ قُلْ قِتَالٌ فِيهِ كَبِيرٌ وَصَدٌّ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ وَكُفْرٌ بِهِ وَالْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَإِخْرَاجُ أَهْلِهِ مِنْهُ أَكْبَرُ عِنْدَ اللَّهِ وَالْفِتْنَةُ أَكْبَرُ مِنَ الْقَتْلِ وَلَا يَزَالُونَ يُقَاتِلُونَكُمْ حَتَّى يَرُدُّوكُمْ عَنْ دِينِكُمْ إِنِ اسْتَطَاعُوا وَمَنْ يَرْتَدِدْ مِنْكُمْ عَنْ دِينِهِ فَيَمُتْ وَهُوَ كَافِرٌ فَأُولَئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَالُهُمْ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَأُولَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن: <ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟> دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى: <بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر: اللهنىڭ يولىدىن توسۇش، اللهقا كۇفرلىق قىلىش، مەسجىدىل ھەرەمدە (ئىبادەت قىلىشتىن) توسۇش ۋە مەسجىدىل ھەرەمدىن ئاھالىنى ھەيدەپ چىقىرىش اللهنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر، پىتنە (يەنى مۆئمىنلەرگە زىيانداشلىق قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر>. ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر» (سۈرە بەقەرە 217 ـ ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الْمُنَافِقِينَ فِي الدَّرْكِ الْأَسْفَلِ مِنَ النَّارِ وَلَنْ تَجِدَ لَهُمْ نَصِيرًا﴾ «مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن» (سۈرە نىسا 145 ـ ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا آبَاءَكُمْ وَإِخْوَانَكُمْ أَوْلِيَاءَ إِنِ اسْتَحَبُّوا الْكُفْرَ عَلَى الْإِيمَانِ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! ئەگەر ئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ئىماندىن كۇفرنى ئارتۇق كۆرسە (كۇفرىدا مەھكەم تۇرسا)، ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار. ئىچىڭلاردىن كىملەركى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر (يەنى ئۇلارغا ئوخشاش مۇشرىكتۇر، چۈنكى مۇشرىكلىككە رازى بولغان ئادەممۇ مۇشرىك ھېسابلىنىدۇ)» (سۈرە تەۋبە 23 ـ ئايەت).

ئۇلار شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، كىمكى شېرىكنىڭ ئۈستىدە ئۆلگەن بولسا، شەك ـ شۈبھىسىز جەھەننەمگە كىرىدۇ. كىمكى ئېتىقاد ياكى سۆز ۋە ياكى ئىش ـ ھەرىكىتىدە چوڭ كاپىرلىقنى ئاشكارا قىلىپ ئۆلگەن بولسا، بۇ كىشىگە «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ ۋە دۇنيادا كاپىرلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىنىدۇ، ئاخىرەتتە دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلارنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ. بۇ ھەقتە الله تبارك وتعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَنْ يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ وَمَنْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدِ افْتَرَى إِثْمًا عَظِيمًا﴾ «الله ھەقىقەتەن اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى اللهقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ» (سۈرە نىسا 48 ـ ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَنْ يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ وَمَنْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا بَعِيدًا﴾ «الله ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (الله ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى اللهقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ» (سۈرە نىسا 116 ـ ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَكْفُرُونَ بِاللَّهِ وَرُسُلِهِ وَيُرِيدُونَ أَنْ يُفَرِّقُوا بَيْنَ اللَّهِ وَرُسُلِهِ وَيَقُولُونَ نُؤْمِنُ بِبَعْضٍ وَنَكْفُرُ بِبَعْضٍ وَيُرِيدُونَ أَنْ يَتَّخِذُوا بَيْنَ ذَلِكَ سَبِيلًا ۞ أُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ حَقًّا وَأَعْتَدْنَا لِلْكَافِرِينَ عَذَابًا مُهِينًا﴾ «شۈبھىسىزكى، اللهنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، الله بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى (اللهقا ئىشىنىپ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيمىز دېيىش بىلەن) ئايرىۋەتمەكچى بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر — ئۇنىڭ (يەنى ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ) ئارىسىدا (ئوتتۇرا) يول تۇتماقچى بولغانلار [150]، ئەنە شۇلار (ئىماننى دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ) راستىنلا كاپىرلاردۇر، كاپىرلارغا خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق [151]» (سۈرە نىسا 150 ـ ۋە 151 ـ ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يَبْتَغِ غَيْرَ الْإِسْلَامِ دِينًا فَلَنْ يُقْبَلَ مِنْهُ وَهُوَ فِي الْآخِرَةِ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾ «كىمكى ئىسلام (دىنىدىن)

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر» (سۈرە ئال ئىمران 85- ئايەت).

ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ﷲقا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆلسە، دوزاخقا كىرىدۇ» (ئىمام مۇسلىم توپلىغان).

(ﷲ خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# غازاتلار تارىخى



(بېشى ئالدىنقى ساندا)

تۆتىنچى، مۇجاھىدلار قوشۇنىنىڭ ئىلگىرىكى مۇجاھىدلاردا يۈز بەرگەن خاتالىق ۋە مۇسىبەتلەردىن ئاچچىق ساۋاق ۋە ئىبرەت ئېلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى. بۇ ھەقتە ﷲ تعالى مۇنداق دەيدۇ: «نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار ﷲ يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى. ﷲ ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ [146]. ئۇلارنىڭ سۆزى پەقەت: <پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن> دېگەندىن باشقا بولمىدى [147]. ﷲ ئۇلارغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى (يەنى دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى) ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى ساۋابىنى (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېئمەتلىرىنى) ئاتا قىلدى، ﷲ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ [148]» (سۈرە ئال ئىمران 146- ئايەتتىن 148- ئايەتكىچە).

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىبنى كەسىر رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «ﷲ تعالى بۇ ئايەتلەر ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئايەتلەر ئارقىلىق ئۇھۇد كۈنى مەغلۇپ بولۇپ <مۇھەممەد ئۆلتۈرۈلدى> دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغانلىق سەۋەبلىكلا جىھادنى تەرك ئەتكەن كىشىلەرنى ئەيىبلىدى، ئۇلارنىڭ قاچقانلىقى ۋە جەڭنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا كايىدى».

ﷲ تعالى مۆئمىن مۇجاھىدلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىنىڭ ۋەقەلىكىنى مىسال قىلىپ كەلتۈردى. ئۇ مۇجاھىدلار بولسا ئىنتايىن كۆپ جامائەتلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارقىسىدا ﷲ يولىدىكى جىھادنى داۋاملاشتۇرۇپ ماڭغان ئىدى. ئۇلار ﷲ يولىدا يەتكەن مۇسىبەت سەۋەبلىك بوشىشىپ قالمىغان، جىھادتىن سۇسلىشىپ قالمىغان، دۈشمەنگە باش ئەگمىگەن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ جىھادىدا ھەردائىم مۇستەھكەم تۇرغان ۋە سەۋرچان بولۇپ كەلگەن ئىدى. مانا بۇنىڭدا «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆلتۈرۈلدى» دېگەن سۆز سەۋەبلىك مۇجاھىدلارغا قورقۇتۇش خاراكتېرلىك ۋەسۋەسە قىلىنغاندا جىھادتىن بوشىشىپ قالغان، قورقۇپ قالغان ۋە مەنىۋىيىتى سۇنغان مۇسۇلمانلارغا قارىتا ﷲ تەرەپتىن قىلىنغان بىر تاپا- تەنە، مالامەت باردۇر. بۇ مالامەتنىڭ سەۋەبلىرىدىن يەنە بىرى — ئۇلارنىڭ مۇشرىكلارغا قارشى جىھاد قىلىشتىن سۇسلىشىپ قالغانلىقى ۋە ئۇلارغا باش ئېگىپ قالغانلىقىدۇر. ﷲ تعالى ئىلگىرىكى زاماندا ئۆتكەن ھەق يولدىكى مۇجاھىدلارنى مىسال قىلىش ئارقىلىق مۆئمىنلەرنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشنى مەقسەت قىلدى. ﷲ تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ سۆزى پەقەت: <پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن> دېگەندىن باشقا بولمىدى» (سۈرە ئال ئىمران 147- ئايەت). مانا بۇ ئايەتتىكى ئىلگىرىكى مۆئمىنلەرنىڭ رەببانى (ھەق ئۈستىدىكى)، ﷲنى سۆيىدىغان، ﷲ ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغان كىشىلەردىن تۈرۈلۈق ئۆز نەپسلىرىگە «گۇناھ- مەئسىيەت» ۋە «چەكتىن ئېشىش» دېگەن يامان سۈپەتلەرنى مەنسۇپ قىلغانلىقى، ئۆزىنى ئىنتايىن كەمتەر تۇتقانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ سەل قارىغانلىقى ۋە يېتەرسىزلىك قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىغا مەغپىرەت تىلەپ ﷲقا دۇئا قىلىشنى قەدەملىرىنى جەڭ مەيدانىدا مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىنىڭ ئالدىغا قويغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ پاكلىقى، ۋۇجۇدىنىڭ پاكىزلىقى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدىنىڭ ﷲقا بويسۇنغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، ئاندىن رەببىنىڭ نۇسرىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مانا بۇنىڭدىن ﷲ تعالىغا يېلىنىپ- يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىش، تەۋبە- ئىستىغپار ئېيتىش ۋە ﷲتىن مەغپىرەت سوراش قاتارلىق ئەخلاقلارنىڭ دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشتىكى مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. بۇ ھەقتە ﷲ تعالى مۇنداق دەيدۇ: «ﷲ ئۇلارغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى (يەنى دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى) ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى ساۋابىنى (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېئمەتلىرىنى) ئاتا قىلدى، ﷲ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» (سۈرە ئال ئىمران 148- ئايەت). بۇ دېگەنلىك — مۆئمىنلەر ئىككىلا دۇنيانىڭ ساۋابىغا ئېرىشتى، يەنى دۇنيادا غەنىيمەت، نۇسرەت ۋە غەلىبىگە ئېرىشتى، ئاخىرەتتە بولسا گۈزەل ساۋابقا ئېرىشتى دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ — ئۇلارنىڭ ﷲقا يېلىنىپ دۇئا قىلىشى ۋە ﷲ تعالىغا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى يۈزلەندۈرۈشىدىكى گۈزەل قۇلچىلىقىنىڭ، شۇنداقلا يەنە جىھاد مەيدانىدىكى گۈزەل قۇلچىلىقىنىڭ مۇكاپاتىدۇر. ئۇلار مۇشۇ ئارقىلىق كېيىنكى مۇجاھىد، مۇسۇلمانلارغا ئۈلگە قىلىپ سۆزلەپ بېرىلىدىغان نەمۇنە بولۇشتى. ﷲ تعالىنىڭ ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى «ئاخىرەتنىڭ ياخشى ساۋابى» دەپ «ياخشى» دېگەن سۈپەتكە خاس قىلغانلىقى — ئاخىرەت ساۋابىنىڭ پەزىلىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئەجىردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ﷲنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن ئېتىۋارلىق، تايىنىشقا تېگىشلىك نەرسە ئىكەنلىكى سەۋەبىدىندۇر.

بەشىنچى، مۇجاھىدلارنىڭ ئەمىر ۋە مەسئۇللارنىڭ بۇيرۇقىغا رىئايە قىلماسلىقى ياكى خىلاپلىق قىلىشىنىڭ مەغلۇبىيەتكە سەۋەب بولىدىغانلىقى. مانا بۇ نۇقتا ئوقياچىلار قىسمىنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ ئېغىر بىر خاتالىققا چۈشۈپ قالغانلىقىدا گەۋدىلىنىدۇ. مانا بۇ شۇنداق بىر ئېغىر خاتالىق بولدىكى، بۇ خاتالىق تارازا- ئۆلچەملەرنى ئۆزگەرتىۋەتتى ۋە مۇسۇلمانلارغا يەتكەن ئېغىر مۇسىبەتلەرگە سەۋەب بولدى. بىز ئىش ئىگىلىرىگە، يەنى ئەمىر- مەسئۇللارغا ئىتائەت قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن شۇنى مۇلاھىزە قىلىشىمىز كېرەككى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارغا ئانچە تەسىر كۆرسىتەلمىدى، لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ياخشى تەرتىپكە سېلىپ قويغان ۋە ھەربىرىگە مۇھىم خىزمەت تاپشۇرغان ئوقياچىلار قىسمىنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ بۇيرۇقىغا رىئايە قىلماسلىقىدىن ئىبارەت سادىر قىلغان خاتالىقنىڭ زىيىنى مۇسۇلمانلارغا ئومۇمىيۈزلۈك بولدى. ھەتتاكى، ﷲ تعالى ئۇلارغا دۈشمەنلەرنى مۇسەللەت قىلدى ۋە ئۇلارنى مۆئمىنلەرنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلىپ قويدى. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمىر ۋە مەسئۇللارنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئاسىيلىق قىلىشتىن بولدى. ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىشلىرى قالايمىقانلىشىپ، سۆزى بىر يەردىن چىقمايدىغان بولۇپ، ئارىسىدا ئۆزئارا بۆلۈنۈش ھاسىل بولدى. ئىسلامىي دەۋەت بۆشۈكىدىلا تۈنجۇقۇپ كەتكىلى تاس قالدى. بىز ئۇھۇد غازىتىنىڭ ۋەقەلىكلىرىدىن شۇنى كۆرۈپ يېتەلەيمىزكى، ئوقياچىلار دەسلەپتە رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەمىرى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير رضي الله عنهنىڭ قوماندانلىقىغا، بۇيرۇقىغا بويسۇنغان ۋاقىتىدا غەلىبە قىلىشقان ئىدى، لېكىن ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان ۋە باشقا ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە غەنىيمەتلەرنى يىغىش ئۈچۈن تاغدىن چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا مەغلۇپ بولۇشتى. ﷲ تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر (ئى ﷲ نىڭ بەندىلىرى! مېنىڭ تەرىپىمگە كېلىڭلار، مەن رەسۇلۇللاھتۇرمەن، كىمكى جىھاد مەيدانىغا قايتسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ دەپ) ئارقاڭلاردىن سىلەرنى چاقىرىپ تۇراتتى، سىلەر ھېچ كىشىگە قارىماي قاچاتتىڭلار، (بۇنىڭدىن كېيىن) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە (يەنى غەنىيمەتكە)، بېشىڭلارغا كەلگەن مۇسىبەتكە (يەنى مەغلۇبىيەتكە) قايغۇرماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ﷲ سىلەرگە غەم ئۈستىگە غەم بەردى (يەنى سىلەرنى غەنىيمەتتىن مەھرۇم قىلغاننىڭ ئۈستىگە مەغلۇبىيەت بىلەن جازالىدى). ﷲ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر» (سۈرە ئال ئىمران 153- ئايەت).

ئىبنى ئۇسەيمىن رحمه الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىتائەت قىلماسلىقنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ بىرى — بەزى ساھابىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺگە ئاسىيلىق قىلغانلىق سەۋەبتىن كەلگەن مەغلۇبىيەتتۇر. ئۇلار ﷲنىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلاتتى. يۈز بەرگەن رېئاللىق شۇ بولدىكى، غەلىبە مۆئمىنلەرگە بولۇۋاتقان چاغدا، بەزى ئوقياچىلار مۇشرىكلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ تەۋرەنمەسلىككە بۇيرىغان جاينى تاشلاپ قويۇپ، كىشىلەر بىلەن بىللە كېتىشتى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن دۈشمەن ئۇلارغا ئارقىدىن قايتا ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مۆئمىنلەرنى پاكلاشقا ۋە سىناشقا سەۋەب بولىدىغان بالايى- مۇسىبەت يۈز بەردى. ﷲ تعالى بۇ ھېكمەتكە ئىشارە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: <ﷲ سىلەرگە قىلغان (دۈشمىنىڭلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت) ۋەدىسىدە تۇردى: ﷲنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار، ﷲ سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى توغرىسىدا جاڭجاللاشتىڭلار، (پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنمىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار، ئاندىن ﷲ سىناش ئۈچۈن سىلەردىن دۈشمەننى قايتۇردى (يەنى سىلەرنى غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى) ۋە سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. ﷲ مۆئمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر> (سۈرە ئال ئىمران 152- ئايەت).

مانا بۇ — سەۋەبلىرى ھازىرلانغان ۋە ئالامەتلىرى ئايان بولۇپ بولغان بىر غەلىبىنىڭ كېتىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان گۇناھ- مەئسىيەتتۇر. بۇ گۇناھ- مەئسىيەت بولسا ئاران بىر گۇناھ- مەئسىيەت ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بار ھالەتتىكى گۇناھ- مەئسىيەت. ئۇنداقتا، نۇرغۇنلىغان گۇناھ- مەئسىيەتنىڭ ھالى قانداق بولماقچى؟! شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دەيمىزكى، گۇناھ- مەئسىيەتلەر بولسا ﷲ تعالىنىڭ بەزى زالىملارنى بەزى زالىملارنىڭ ئۈستىگە غالىب قىلىپ قويۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ سەۋەبلىك غەلىبە- نۇسرەت ۋە ئىززەتنىڭ سەۋەبلىرى كىشىلەر ئۆزلىرىگە قانچىلىك زۇلۇم قىلغان بولسا شۇنچىلىك مىقداردا يوقاپ كېتىدۇ».

ئالتىنچى، دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئۈستۈن بىلىشنىڭ خەتىرى. نۇرغۇن ئايەت- ھەدىسلەر دۇنيانىڭ ﷲنىڭ نەزىرىدىكى ئورنىنى بايان قىلىپ، دۇنيانىڭ زىبۇ- زىننەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىنى ئازدۇرۇشقا بولغان تەسىرىنى سۈپەتلەپ، دۇنياغا ھېرىس بولۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەن. بۇ ھەقتە ﷲ تعالى مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن- كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ ﷲنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك)» (سۈرە ئال ئىمران 14- ئايەت).

رەسۇلۇللاھ ﷺ كۆپ ئورۇنلاردا ئۆز ئۈممىتىنى دۇنياغا ئالدىنىش ۋە دۇنياغا قاتتىق ھېرىسمەن بولۇشتىن ئاگاھلاندۇرغان. بۇنىڭ سەۋەبى — بۇ خىل ھېرىسلىق ئۈممەتكە ئومۇمىيۈزلۈك يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ دەۋەت بايرىقىنى كۆتۈرگەن دەۋەتچىلەر ۋە مۇجاھىدلارغا تېخىمۇ يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى رضي الله عنهدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «دۇنيا بولسا يېشىل، تاتلىق نەرسىدۇر. ﷲ تعالى سىلەرنى شۇ دۇنياغا ئورۇنباسار قىلدى. ﷲ سىلەرنىڭ قانداق ئەمەل قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارايدۇ. سىلەر دۇنيا (دۇنيانىڭ پىتنىسى)دىن ۋە ئاياللار (ئاياللارنىڭ پىتنىسى)دىن قاتتىق ساقلىنىڭلار، چۈنكى بەنى ئىسرائىلنىڭ تۇنجى ئېزىپ كېتىشى ئاياللار سەۋەبلىك بولغان» (مۇسلىم توپلىغان).

تەتقىق قىلغان كىشىگە دۇنياغا ھېرىس بولۇشنىڭ ئۇھۇد جېڭىدە قانچىلىك يامان تەسىر پەيدا قىلغانلىقى ئايان بولىدۇ. ئىبنى ئابباس رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «مۇشرىكلار ئۇھۇد كۈنى مەغلۇپ بولغان چاغدا، ئوقياچىلار كىشىلەرگە: <ئاۋۇ ﷲنىڭ پەيغەمبىرىگە يېتىشىۋېلىڭلار! ئۇلار سىلەردىن بالدۇرراق غەنىيمەتلەرنى ئېلىۋالمىسۇن، شۇنىڭ بىلەن غەنىيمەت سىلەرگە تەگمەستىن ئۇلارغا قالىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن> دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى: <رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە رۇخسەت قىلمىغۇچە ئورنىمىزدىن تەۋرىمەيمىز> دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: <بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار> (سۈرە ئال ئىمران 152- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)».

تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «ﷲ تعالىنىڭ: <بەزىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار> دېگەن مۇشۇ ئايىتىدىن مەقسەت، <سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن غەنىيمەتنى ئىرادە قىلغانلار بار> دېگەن بولىدۇ».

ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرەربىر كىشىنىڭ دۇنيانى ئىرادە قىلغانلىقىنى بىلمەيتتىم، ھەتتاكى بىز توغرىمىزدا مۇشۇ ئۇھۇد كۈنىدە <بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار> دېگەن ئايەت چۈشكەنگە قەدەر، مەن رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرەربىر كىشىنى دۇنيانى كۆزلەيدۇ دەپ قارىمايتتىم».

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەلىك دەۋەتچىلەر (ياكى مۇجاھىدلار) ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ بىر ئىبرەت ۋە چوڭ بىر تەلىم- تەربىيەكى، دۇنيانى ياخشى كۆرۈش

(ئاخىرى 3- بەتتە)

(بېشى 2- بەتتە)

گاھىدا ئىمان ئەھلىنىڭ قەلبلىرىگە ئاستا-ئاستا سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارغا مەخپىي قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىمان ئەھلى دۇنيانى ۋە دۇنيانىڭ ھوزۇر-ھالاۋىتىنى ئاخىرەتتىن ۋە ئاخىرەتنىڭ نېئمىتىگە ئېرىشىش غايە-مەقسەتلىرىدىن ئۈستۈن بىلىدۇ، ئاندىن خۇددى ھېلىقى ئوقياچىلار رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئاسىيلىق قىلغاندەك شەرىئەتنىڭ ئوچۇق بۇيرۇقلىرىغا ئاسىيلىق قىلىدۇ. بۇ ئاسىيلىقنى قىلغاندا، ئۇلار «نەپسى-خاھىش»، «دۇنيا مۇھەببىتى» دېگەن شۇ نەرسىنى باشقا بىر نەرسە بىلەن تەئۋىل قىلىپ ئەگىشىدۇ. يەنى ئۇلار شەرىئەتنىڭ ئوچۇق بۇيرۇقلىرىغا ئاسىيلىق قىلغان چاغدا ئۆزرىگە يارىمايدىغان، ھۆججەت بولالمايدىغان پاسىت (يەنى بۇزۇق) تەئۋىلنى ھۆججەت قىلىدۇ. مانا بۇ بۇزۇق تەئۋىلنى نەپسى-خاھىش، ھاۋايى-ھەۋەس ۋە دۇنيا مۇھەببىتى توغرا قىلىپ كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شەرىئەتكە مۇخالىپەتچىلىك قىلىدۇ ۋە شەرىئەتنىڭ بۇيرۇقلىرى ئىچىدىكى مۇھكەم، ئوچۇق، ئېنىق بۇيرۇقلارنى ئۇنتۇيدۇ. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى مۇئمىندىن يۈز بېرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ۋاقىتتا مۇئمىن ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى مەخپىي نىيەت-مەقسەتلەردىن غاپىل قالىدۇ. مانا بۇ مەخپىي نىيەت-مەقسەتلەرنىڭ ئەۋۋىلى دۇنيا مۇھەببىتى، يەنى دۇنيانى ئاخىرەتتىن ۋە ئىماننىڭ تەلەپ-تەقەززالىرىدىن ئۈستۈن بىلىش. مانا بۇ، دەۋەتچى ياكى مۇجاھىدلاردىن دائىم ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئىنچىكە تەتقىق ۋە تەپتىش قىلىپ تەكشۈرۈپ چىقىشنى ۋە دۇنيا مۇھەببىتىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن يۇلۇپ چىقىرىۋېتىشنى تەقەززا قىلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، ئاندىن دۇنيا ئۇلار بىلەن شەرىئەتنىڭ بۇيرۇقلىرى ئوتتۇرىسىدا توسالغۇ بولالمايدۇ ۋە ئۇلارنى نەپسى-خاھىش بىلەن ئورالغان بۇزۇق يالغان تەئۋىللەر ئارقىلىق شەرىئەتكە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشقا چۈشۈرەلمەيدۇ ھەمدە ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ھوزۇر-ھالاۋىتىگە بۇرىيالمايدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پەرقلەر تارىخى



## ھازىرقى زامان مۇرجىئىلىرى

### بىرىنچى بۆلەك: مۇرجىئىلار كىملەر؟

مۇرجىئىلار ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچى تۈردىكىلىرى بولسا ئىمان مەسىلىسىدە مۇرجىئىلىكنى قوللايدىغان، تەقدىر مەسىلىسىدە قەدەرىيلەر («تەقدىر پۈتۈلگەن ئەمەس، ئىنسان ئەركىندۇر» دەيدىغانلار) ۋە مۇئتەزىلەر (تەقدىر مەسىلىسىدە ئەركىنچىلەر)نى قوللايدىغانلاردۇر. ئىككىنچى تۈردىكىلىرى بولسا ئىمان مەسىلىسىدە مۇرجىئە، ئەمما تەقدىر مەسىلىسىدە جەبەرى («تەقدىر مەجبۇرىدۇر» دېگۈچىلەر) بولغان جەھمى مەزھىپىدىكى (جەھم ئىبنى سەففاننىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولغان «ئىمان دېگەن قەلبتە تونۇش» دەيدىغان) مۇرجىئىلاردۇر. ئۈچىنچى تۈردىكىلىرى بولسا تەقدىر مەسىلىسىدە جەبەرىيلىكتىن ۋە قەدەرىيلىكتىن خالىي بولغان مۇرجىئىلار بولۇپ، بۇلار يەنە نۇرغۇن پىرقىلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار: يۇنۇسىيلار، غەسسانىيلار، سەۋبانىيلار، تومۇنىيلار ۋە مەرىسىلاردىن ئىبارەت.

مۇرجىئىلارنىڭ «مرجئ» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب — ئىمان مەسىلىسىدە ئەمەلنى ئىماندىن كېچىكتۈرۈپ (يەنى ئەمەلنى ئىماندىن ئايرىپ) چۈشەندۈرگەنلىكى ئۈچۈندۇر. چۈنكى «مرجئ» دېگەن سۆز «إرجاء» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «إرجاء»نىڭ مەنىسى «كېچىكتۈرۈش» دېگەن بولىدۇ. يەنى ئەمەلنى ئىماندىن كېچىكتۈرۈش — مانا بۇ مۇرجىئىلىقتۇر. مۇرجىئىلار ئىمان مەسىلىسىدە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچىسى، چېكىدىن ئاشقان مۇرجىئىلار («<ئىمان> دېگەن — قەلبتە تونۇش ياكى قەلبتە تەستىقلاش» دەپ ئېغىزدا ئىقرار قىلىش بىلەن بەدەن ئەزالىرىدا ئەمەل قىلىشنى قوشمايدىغان كالامىزمچى مۇرجىئىلار ۋە جەھمى مۇرجىئىلارنى كۆرسىتىدۇ)؛ ئىككىنچىسى، فەقىھلەرنىڭ مۇرجىئىلىرى («<ئىمان> دېگەن — قەلبتە تەستىقلاش ۋە تىلدا ئىقرار قىلىش» دەپ ئەمەلنى قوشمايدىغان مۇرجىئىلار). بەزى ئالىملار يەنە ئۈچىنچى قىسىمنىمۇ قوشۇپ قويىدۇ. بۇلار بولسا «<ئىمان> دېگەن — پەقەت تىلدا سۆزلەش» دەيدىغانلاردۇر، لېكىن كېيىنكى زاماندا بۇ خىل مۇرجىئىلار يوقاپ تۈگىگەن.

كالامىزمچى مۇرجىئىلارغا كەلسەك، بۇلار جەھم ئىبنى سەففان ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىمان بولسا نۇقۇل قەلبتە تەستىقلاش ياكى قەلبتە بىلىشتۇر. ئۇلار قەلبنىڭ ئەمەللىرىنى ئىماندىن ھېسابلىمايدۇ. ئۇلار: «ئىنسان اللهنى ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنى تىللاپ، اللهنىڭ دوستلىرىغا دۈشمەنلىشىپ ۋە اللهنىڭ دۈشمەنلىرىگە دوستلىشىپ، مەسجىدلەرنى ۋەيران قىلىپ، قۇرئان كەرىمنى دەپسەندە قىلىپ، مۇئمىنلەرنى ئېغىر دەرىجىدە خارلاپ، كاپىرلارنى ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە ھۆرمەتلەپ تۇرۇپمۇ قەلبى بىلەن كامىل مۇئمىن بولالايدۇ» دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. ئۇلار يەنە: «مانا بۇ گۇناھ-مەئسىيەتلەر كىشىنىڭ قەلبىدىكى ئىمانغا قەتئىي قارشى كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇ كىشى مۇشۇنداق كۇفرىي گۇناھلارنى قىلسىمۇ ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى ئېتىقادى ئارقىلىق اللهنىڭ نەزىرىدە مۇئمىن بولالايدۇ» دېيىشىدۇ. ئۇلار يەنە: «بىز دۇنيادا بۇ كىشىگە پەقەت كاپىرلارغا بېرىلىدىغان ھۆكۈملەرنى بېرىمىز (يەنى <كاپىر> دەپ ھۆكۈم قىلىمىز)، چۈنكى بۇ گۇناھلار بولسا كاپىرلىقنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى كاپىرلىقنىڭ ئالامىتىدۇر» دېيىشىدۇ. ئەگەر ئۇلارغا قۇرئان-ھەدىس ۋە ئىجمادىن دەلىل كەلتۈرۈلۈپ: «يۇقىرىقى، يەنى اللهنى تىللىغان... دېگەندەك ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر شۇ قىلغان ئىشىنىڭ ئۆزى سەۋەبلىكلا كاپىر بولىدۇ ۋە ئاخىرەتتە ئازابلىنىدۇ» دېيىلسە، ئۇلار: «ياق! بۇ دېگەن ئۇ كىشىنىڭ قەلبىدە تەستىقنىڭ ۋە ئىلىمنىڭ يوقالغانلىقىغا دەلىل» دېيىشىدۇ. چۈنكى، «كۇفۇرلۇق» ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قەلبنىڭ يالغانغا چىقىرىشى؛ «ئىمان» بولسا قەلبنىڭ ئىسلامنى تەستىقلىشىدۇر. ئۇلار «<قەلبنىڭ تەستىقى> ئىلىمدىن باشقا بىر نەرسىمۇ ياكى ئىلىمنىڭ ئۆزى شۇمۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىشىدۇ. ئىمان ھەققىدە دېيىلگەن مانا بۇ سۆزنىڭ ئەڭ بۇزۇق بولۇشىغا قارىماي، كالامىزمچى مۇرجىئىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى بۇ سۆزنى قوللىغان. ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئەبۇ ئۇبەيد رحمه الله لار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سەلەف ئالىملار بۇنداق سۆزنى قىلغان كىشىلەرنى كاپىرغا چىقارغان. ئۇلار مۇنداق دېيىشكەن: «ئىبلىس قۇرئان كەرىمنىڭ ئوچۇق تېكىستى (ھۆججىتى) بىلەن كاپىردۇر. ئۇنىڭ كاپىرلىقى پەقەت تەكەببۇرلۇق قىلغانلىق ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشتىن باش تارتقانلىق سەۋەبتىندۇر، ھەرگىزمۇ كەلگەن خەۋەرنى يالغانغا چىقارغانلىقتىن ئەمەس. شۇنىڭدەك، فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىرلىقىمۇ كەلگەن خەۋەرنى يالغانغا چىقارغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشتىن ئومۇمىيۈزلۈك باش تارتقانلىق سەۋەبتىندۇر. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: <ئۇلار ئۇ ئايەتلەرنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئۇلار ئۇنى زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىنكار قىلدى> (سۈرە نەمل 14- ئايەتنىڭ بىر قىسمى). مۇسا ئەلەيھىسسالام فىرئەۋنگە مۇنداق دېگەن: <(ئى فىرئەۋن!) بۇلار (يەنى توققۇز مۆجىزە)نى پەقەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى (مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) دەلىل قىلىپ نازىل قىلغانلىقىنى سەن (گەرچە تىلىڭدا ئىقرار قىلمىساڭمۇ دىلىڭدا) ئەلۋەتتە ئوبدان بىلىسەن> (سۈرە ئىسرا 102- ئايەتنىڭ بىر قىسمى). مانا بۇ — راست سۆزلەيدىغان ۋە راست سۆز نازىل بولۇۋاتقان مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ فىرئەۋنگە قىلغان سۆزىدۇر. بۇ سۆز شۇنىڭغا دەلىلكى، فىرئەۋن الله تعالىنىڭ ئەنە شۇ ئايەتلەرنى، مۆجىزىلەرنى ۋە پاكىتلارنى چۈشەنگەنلىكىنى بىلگەن، لېكىن ھەققە تەكەببۇرلۇق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، فىرئەۋن اللهنىڭ مەخلۇقلىرى ئىچىدە ئەڭ ھاكاۋۇر، ئەڭ تاجاۋۇزكار ھېسابلانغان. چۈنكى، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئىلمى بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نىيىتى، يەنى قەلبىنىڭ ئەمەلى بولغان ئۇنىڭ ئىرادىسى بۇزۇق ئىدى. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: <شۈبھىسىزكى، فىرئەۋن (مىسىر) زېمىنىدا (زومىگەرلىكتە) ھەددىدىن ئاشتى، ئاھالىسىنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئۇلاردىن بىر تائىپە (يەنى بەنى ئىسرائىل)نى بوزەك قىلدى. ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى (خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇردى، فىرئەۋن ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردىن ئىدى> (سۈرە قەسەس 4- ئايەت). ئەنە شۇنىڭدەك، الله تعالى سۈپەتلىگەن يەھۇدىيلارمۇ دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. الله تعالى سۈرە بەقەرە 146- ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: <بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار) ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ>. يەنە الله تعالى سۈپەتلىگەن مۇشرىكلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. الله تعالى سۈرە ئەنئام 33- ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: <ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار سېنى (ئىچىدە) ئىنكار قىلمايدۇ (لېكىن ئۇلار تەرسالىقتىن ئىنكار قىلىدۇ)>».

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ئىسلام ۋە بۈگۈنكى دۇنيا

## مىسىردا يۈز بەرگەن ئىشلار ھەققىدە قىسقىچە توختىلىش

بىرىنچى، 2011- يىلى يانۋاردىكى ئىنقىلاب مىسىر خەلقى تەرەپتىن مىسىر ھۆكۈمىتىگە بېرىلگەن بىر سوۋغا بولدى. بۇ سوۋغىنى مىسىر ئارمىيىسى قوللىدى، قوينىغا ئالدى ۋە ئۇنى قورال قىلىپ ئىشلەتتى. چۈنكى، مىسىر ئارمىيىسى ھاكىمىيەتنى ھۆسنى مۇبارەكنىڭ ھەربىي ئاساسىي قاتلامغا ئەزامۇ بولۇپ باقمىغان ئوغلى جامالغا مىراس قالدۇرۇشىغا رازى ئەمەس ئىدى. ساقچى ئورگىنى، بولۇپمۇ مىسىر خەۋپسىزلىك ئورگىنىنىڭ ھاكىمىيەتكە قول تىقىشى ۋە بەزىبىر كونا قىساس ئېلىشلار بىلەن مىسىر خەۋپسىزلىك ئورگىنىنىڭ نوپۇزىنىڭ زىيادە ئېشىپ كېتىشى سەۋەبلىك مىسىر ئارمىيىسى ساقچىلاردىن ئىنتىقام ئېلىپ، خەلقنىڭ ساقچىلار ھەققىدىكى غەزىپىنى قاندۇرۇش ئىشىدا خەلققە ياردەملەشتى.



ئىككىنچى، ھۆسنى مۇبارەك مەنسەپتىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئارمىيە ھەربىر باسقۇچتىكى مىسىر دۆلىتىنى پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ باشقۇرۇپ كەلدى، ھەتتاكى باشلىق سايلاش سايلاملىرىدا ھەم ئارمىيىگە خەتەر ھېسابلىنىدىغان ھەر بىر كىشىنى چەتتە قالدۇردى. مەسىلەن، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى بولغان شەيخ ھازىم ئەبۇ ئىسمايىل ۋە ئېنژېنېر خەيرەت شاتېردەك نوپۇزلۇق شەخسلەرنى چەتتە قالدۇردى. ئارمىيىدىكىلەر: «مۇھەممەد مۇرسىنىڭ شەخسىيىتى ئاجىز، ئۇنى كېيىن چوقۇم يېقىتىۋالىمىز» دەپ ئويلاپ مۇھەممەد مۇرسىنىڭ رەئىس بولۇشىنى قوبۇل قىلغان، ئەمما: «شەيخ ھازىم ئەبۇ ئىسمايىل، ئېنژېنېر خەيرەت شاتېر دېگەن ئادەملەرنىڭ شەخسىيىتى كۈچلۈك، بۇلارنى سايلاپ قويساق چاتاق چىقىدۇ» دەپ ئويلاپ بۇلارنى قوبۇل قىلمىغان.

ئۈچىنچى، دوكتۇر مۇرسىي رەئىسلىككە ئولتۇرغاندا ھەقىقىي رەئىس ئەمەس ئىدى. مىسىرنىڭ رېئاللىقىنى چۈشەنمەيدىغان ھەرقانداق كىشى ئۇنى ياخشى بىلىدۇكى، مۇرسى پەقەت قونچاق، ھەيكەل ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھاكىم بولالمىغان ئىدى. (شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇنى شۇ يۇرتنىڭ ھاكىمى دەپ تۇرۇپ ھېساب ئېلىش زۇلۇم ھېسابلانسا كېرەك.)

دوكتۇر مۇرسىي مىسىردىكى تەڭپۇڭلۇقنى ئۆزگەرتىش ئۇرۇنۇشىنى باشلىدى. ئارمىيە ئۆزگە قارشى بەزى خەتەرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ھېس قىلىپ، پەقەت پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپلا ھەرىكەت قىلىشتىن سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاساسىي ھەرىكەت قىلىشقا ئۆتتى. (دوكتۇر مۇرسىغا بىر تۈركۈم ئىشلار ھەققىدە ئەيىب قىلىنمايدىغان مەسئۇلىيەت يۈكلەنگەن بولۇپ، دوكتۇر مۇرسىي ئەسلى شۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئىدى. شۇڭا دوكتۇر مۇرسىي مۇشۇ ئىشلار ھەققىدە سوئال-سوراققا تارتىلىشى، ئەيىب قىلىنماسلىقى كېرەك. لېكىن مۇرسىي مۇساپىسى ئۇزۇن، نەتىجىسى نامەلۇم بولغان ھەقىقىي ئىچكى ئۇرۇش تونىلىغا، يەنى قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەنلىكتىن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. بۇ ئۇرۇش ئەسلىدە، ئەلۋەتتە، سىسىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ۋەزىيەتتىن نەچچە ھەسسە ئەۋزەل ئىدى).

تۆتىنچى، سىسى مىسىر ئارمىيىسىنىڭ ئىنتايىن قەبىھ بىر يۈزى ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ھاماقەتلىكلەرنى قىلغان بولۇپ، بۇ ھاماقەتلىكلەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئەجداد بوۋىسى بولغان ھۆسنى مۇبارەك ئوتتۇرىسىدىكى ئەقلىي ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئىقتىدارلاردا ئالاھىدە پەرقنى ئاشكارا قىلدى. ئۇنىڭ ھاماقەتلىكىنى تەكشۈرگەن ھەرقانداق بىر كىشى شۇنى ياخشى بىلەلەيدۇكى، ئارمىيە بىر ۋاستە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىسلامىزمچىلارنىڭ شەۋكىتىنى سۇندۇرۇش ۋە مىسىردا زورلۇق كۈچ بىلەن ئىلمانىزمنى تارقىتىش ئۈچۈن مەخسۇس سىسىغا بىر مەزگىل خىزمەت قىلدى. ئاندىن كېيىن ئارمىيە ئېنىق ۋە كەسكىن ھالدا سىسىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلماقچى، چۈنكى سىسى ھاكىمىيىتىنىڭ داۋاملىشىشى

(ئاخىرى 4- بەتتە)

(بېشى 3- بەتتە)

مىسىردا ھەقىقىي ئىنقىلابنىڭ يەنە يۈز بېرىشىنى ئۈزۈپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ سىسى ئۈزىنىڭ ھاماقەتلىكى ۋە دۆتلۈكىدىن 60% تىن كۆپرەك خەلقنى ئەزمەكچى بولغان. ھالبۇكى، بۇ خەلق ئىسلامىزمچىلارنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكى ۋە پۈتۈن ئەرەب خەلقى ئارىسىدا ئەڭ زور نىسبەتنى ئىگىلەيدىغان كىشىلەر ئىدى. (مانا بۇ خەلقئارالىق ئىشەنچلىك ھۆججەتلەشتۈرۈلگەن ئىلمىي تەتقىقاتلاردىن ئېلىنغان سۆز.)

بەشىنچى، مىسىردىكى ئارمىيە ھەرقانداق يۇرتتىكى ئارمىيىگە ئوخشىمايدۇ. باشقا يۇرتلاردا ئارمىيە دۆلەتلەرنىڭ نەزىرىدە «ئارمىيە» ھېسابلىنىدۇ، ئەمما مىسىر ئارمىيىسى بولسا، ھەر جەھەتتىن قارىغاندا «دۆلەت» ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئارمىيە مىسىر جەمئىيىتىنىڭ ھەرقانداق ئىشلىرىغا بىۋاسىتە ئارىلىشالايدۇ ۋە كونترول قىلالايدۇ، شۇنىڭدەك ئارمىيىنى ئىلمانىزملاشتۇرۇش جامال ئابدۇناسىر دەۋرىدىن تارتىپ قولىنىپ كېلىنگەن. بۇنىڭدىن مەقسەت — ھېچقانداق بىر ئىسلامىي ئىدىيە ۋە ئىسلامىي پىكىرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يول قويماسلىق. مىسىر ئارمىيىسى مەخسۇس ئىسلامىي ئىدىيىگە ئۆزگەرمەس شەكىلدە ئىزچىل ئاداۋەتلىشىش ۋە دۈشمەنلىشىش ئۈچۈن تەربىيىلەنگەن ئارمىيەدۇر. سىنىڭ شۇنى بىلىشىڭ كۇپايىكى، ئارمىيىنىڭ بىرىنچى ياكى ئىككىنچى ۋە ياكى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئورنىدا بىر شەخسنىڭ ئىسلامىي ئىدىيىنى قوللايدىغان يېقىن تۇغقىنى بولسا، بۇ كىشىنى ئەسكەرلىكتىن يىراقلاشتۇرۇش ئاسان بولىدۇ (مەن تەكرارلايمەنكى، ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىشتا ئەسكەرلەر ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېرلىقىغا ئۆستۈرۈلمەسلىك شەرتى بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ)، شۇنداقلا ئارمىيىدە ئالىي مەرتىۋىلەرگە ئۆرلەشنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئەسكەرلىككە كىرگەن كىشى شۇ قوشۇننىڭ قوماندانىغا مۇتلەق ئىتائەت قىلىشى ۋە ساداقەت بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە دىندارلىق تەرىپى ئاجىز بولۇشى كېرەك.

ئالتىنچى، مىسىر ئارمىيىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەھۇدىي قىساسچىلىرى دۆلىتىدىن كېيىنكى شۇ رايوندىكى بىۋاسىتە ئىككىنچى نومۇرلۇق ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق بولغان ئالاھىدە ھۆججەت بىلەن ئىسپاتلانغان سىياسىي ھەقىقەت. شۇنى بىلىشىڭ يېتەرلىككى، مىسىر ئارمىيىسى ئىسرائىلىيە ئارمىيىسىدىن قالسىلا ئامېرىكىنىڭ بىۋاسىتە قوللىشىغا ئېرىشكەن ئەڭ چوڭ ئىككىنچى ئارمىيەدۇر.

يەتتىنچى، مىسىر ئارمىيىسىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئومۇمىي مەنىدىكى كەڭ كۆلەملىك بىر ئۇرۇش قوزغاش زۆرۈر، شۇڭا بۇ ئارمىيە بۇ ۋەزىيەتنى ھەرگىز قويۇپ بەرمەيدۇ. ئامېرىكىمۇ قويۇپ بېرىشكە ھېچقاچان يول قويمايدۇ، لېكىن يول قويۇشقا توغرا كەلگەندە ئىنتايىن زور دەرىجىدە قان پاتۇراسى (قان بېجى)نى تۆلىگەن ۋاقىتتا، يەنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قان تۆككەن ۋاقىتتا، ئاندىن ئامېرىكا بۇ ئارمىيىنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىدۇ.

سەككىزىنچى، قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى مۇھەممەد ئەلى ئوتتۇرىغا قويغان سىسىنىڭ رەسۋالىقى ۋە سىسىغا بولغان غەزەپ توغرىسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك مۇلاھىزە شۇكى، مۇھەممەد ئەلىنىڭ بۇ ئىشى دەسلەپتە تەشكىللىسىز، ئىنتىزامسىز ھالەتتە باشلانغان. ئارمىيە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئادىتىگە ئوخشاش بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزىنىڭ قەبىھ ئوبرازىنى باشقا بىر ئوبرازغا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى بۇزغان شۇ سەت ئوبرازىنى ئىسلاھ قىلىش، تۈزەش ۋە ۋەزىيەتنى ھۆسنى مۇبارەكنىڭ دەۋرىدىكى ئەسلىي ھالەتكە قايتۇرۇپ كېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىلمانىزمدىن پايدىلىنىپ ئىسلامىزمچىلارنىڭ ئوبرازىنى سەتلەشتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكەن. سىسى ئىسلامىزمچىلارنىڭ ئوبرازىنى سەتلەشتۈرۈشتە ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتتى. شۇنىڭدا شەك يوقكى، سىسى بىر قەدىمكى ئىستىخبارات خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مانا بۇ ئۆزگىرىش ۋە ئىنقىلابنى چەكلەشكە ئۈرۈنۈپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا ئىنتايىن كۈچلۈك ۋاسىتىلەر تولۇق بار ئىدى. ھازىرقى ھالەت ئارمىيىنىڭ ئىچىدىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنى ئۆزگە تارتىش، جەلپ قىلىش، شۇنىڭ بىلەن خەلقنى پايدىلىنىدىغان قورال قىلىپ ئىشلىتىش ئارقىلىق بۇ گۇرۇھنىڭ تەرىپىنى غالىب قىلىش ياكى ئۇ گۇرۇھنىڭ تەرىپىنى غالىب قىلىشتەك ۋەزىيەتتە تۇرۇۋاتماقتا.

توققۇزىنچى، «ئەرەب باھارى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئىنقىلابلار ئىسپاتلىغان ھەقىقەتنىڭ كۆپىنچە تەرىپى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئەرەب دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بۇ چوماقچى، خىزمەتچى ھۆكۈمەتلەر، تۈزۈملەر ۋە ھاكىملار بولسا اللهنىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان جىھاد ۋە شەرت-رۇكۇنلىرى تولۇق تېپىلغان ھەقىقىي قوراللىق قوزغىلاڭدىن باشقا نەرسىلەر بىلەن ئاغدۇرۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. (غەلىبە قازانغان قوزغىلاڭلار تارىختا ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. سىياسەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر، ئالىملار دائىم شۇنى ئوتتۇرىغا قويىدۇكى، تارىختىن بېرى قوزغىلاڭ پەقەت ئۈچ ياكى تۆت قېتىملا غەلىبە قىلغان.)

ئونىنچى، مەن شۇنداق دەيمەنكى: «بۇ تۈزۈملەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى اللهنىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىش. چۈنكى، بۇنىڭدا اللهنىڭ تەۋپىقى بار. اللهنىڭ تەۋپىقى ئىنسانىي ئۆلچەملەرنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتەلەيدۇ، ئۆزگەرتەلەيدۇ. ھازىرقى ۋەزىيەت بۇ ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان خەلقئارالىق چوڭ كۈچلەرگە، ئارمىيىلەرگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. مانا بۇ <ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى> دەپ ئاتالغان زەئىپ مىسىر خەلقىنىڭ اللهنىڭ ياردىمى بولمىسا ئورۇنلىشى مۇمكىن ئەمەس بولغان بىر ئىشتۇر. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: <ئى مۇئمىنلەر! سىلەر اللهقا (يەنى اللهنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، الله سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ، قەدەمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ> (سۈرە مۇھەممەد 7- ئايەت)».

— يەھيا ئىبنى تاھىر فەرغەلى

2019- يىلى 9- ئاينىڭ 22- كۈنى (ھىجرىيە 1441- يىلى مۇھەررەمنىڭ 23- كۈنى)

## سەبىيلەر سەھىپىسى

1. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟
يەرگە چۈشىدۇ قاقساڭ،
يېگىلى بولار چاقساڭ.
2. قېنى بۇنىڭغا كىم جاۋاب بېرەلەيدۇ؟
تىرىك قويۇپ ئۆلۈكتىن لوقما سورىدى،
ئۆلۈك قويۇپ تىرىكنى بوغۇپلا قويىدى.

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:
1. قەلەم.
2. ئۆردەك.

# جىھاد چەشمىلىرى

■ 3- ئاينىڭ 28- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى بەدەخشان ۋىلايىتىنىڭ ئارغىنج جوۋا رايونىنى مۇكەممەل فەتھە قىلغان بولۇپ، ئىستىخبارات مەركىزى ۋە ئالتە دانە تەكشۈرۈش پونكىتىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان. ئۇلار بۇ جەڭدە بەش نەپەر ساتقىن ئارمىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، تۆت نەپەرنى يارىلاندۇرغان ۋە بىر نەپەر ئەسكەرنى ئەسىر ئالغان.

■ 3- ئاينىڭ 28- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇنىڭ دابكا رايونىدا سومالى ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرى توپلاشقان ئورۇنغا ماشىنا بومبا ھۇجۇمى ئېلىپ بېرىپ، ئىستىخبارات مەسئۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 10 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن.

■ 3- ئاينىڭ 30- كۈنى سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ لياڭشەن يىزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىز بولغان بىر چەت رايوندا كەڭ كۆلەملىك ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 30 نەپەر كىشى ئۆلگەن. ئۆلگەنلەرنىڭ 27 نەپىرى ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى، تۆت نەپىرى يەرلىك ئەمەلدارلار ئىكەن. 2015- يىلى تيەنجىن خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىدا يۈز بەرگەن پارتلاش ۋەقەسىدە ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 100 دىن ئارتۇق كىشى ئۆلگەن ئىدى. بۇ قېتىملىق ئوت ئاپىتى 2015- يىلدىكى پارتلاش ۋەقەسىدە ئۆلگەن ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرىدىن كېيىنكى ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى ئەڭ كۆپ ئۆلگەن ۋەقە ھېسابلىنىدىكەن. ئۇلۇغ رەببىمىز الله زالىم خىتايلارنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەشتۈرۈپ بەرسۇن! (ئامىن)

■ 3- ئاينىڭ 30- كۈنى رىم پاپاسى فرانسىس ئاتالمىش «دىنلار بىرلەشمىسى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ماراكەشكە يېتىپ بېرىپ، ئىككى كۈنلۈك زىيارەتتە بولغان. بۇندىن ئىلگىرى 2- ئايدا پوپ فرانسىس رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇشرىكلارنى چىقىرىۋېتىشكەن بۇيرۇغان ئەرەب يېرىم ئارىلى (يەنى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى)دا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش داۋا بىلەن زىيارەتتە بولغان ئىدى. ئۇلۇغ رەببىمىز الله بۇ دىن دۈشمەنلىرىنىڭ مىكىرلىرىنى بەربات قىلسۇن! (ئامىن)

■ 3- ئاينىڭ 31- كۈنى «شاھادەت» خەۋەر تور بېتى تارقاتقان خەۋەردە دېيىلىشىچە، ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى جۇدا ۋىلايىتىدىكى بىر ئىسلامىي مەھكىمىدە تۆت نەپەر سومالىلىق جاسۇسقا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلغان. مەلۇم بولۇشىچە، بۇ جاسۇسلار سومالىنىڭ كامسۇما شەھىرىدىكى ئەنگلىيە، جىبۇتى ۋە سومالى ئىستىخبارات ئورگانلىرىغا جاسۇسلۇق خىزمىتى قىلىدىكەن.

■ 3- ئاينىڭ 31- كۈنى نۇسرەتۇل ئىسلام ۋەلمۇسلىمىين جامائىتى مۇجاھىدلىرى مالىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان بۇركىنافاسو ئەسكەرلىرىنىڭ نۇقتىسىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە تۆت نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، قورال-ياراغلىرىنى غەنىيمەت ئېلىپ، ئۇ جايدىن ساق-سالامەت چېكىنگەن.

■ 4- ئاينىڭ 1- كۈنى تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسى ئافغانىستاننىڭ پاكتىكا، غەزنى، پاكتىيا، ھېلماند ۋە فەرياب ۋىلايەتلىرىدە مۇسۇلمان خەلقلەرگە قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ ھۇجۇملاردا ئايال ۋە باللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 26 نەپەر مۇسۇلمان ھاياتىدىن ئايرىلغان.

■ 4- ئاينىڭ 2- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى بەلخ ۋىلايىتىنىڭ شولگېرا رايونىدا ساتقىن ئافغان ئارمىيىسىنىڭ بىر نۇقتىسىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، شۇ نۇقتىنىڭ مەسئۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەككىز نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئالتە نەپەرنى يارىلاندۇرغان.

■ 4- ئاينىڭ 2- كۈنى مالى مۇجاھىدلىرى بۇركىنافاسوغا يېقىن بولغان گوما رايونىدا تاجاۋۇزچى فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە ئوق ئۆتمەس ماشىنىسىغا قارىتا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە بىرمارك لايكوراس ئىسىملىك بىر نەپەر ھەربىي دوختۇر ئۆلۈپ، بىر نەپەر ئەسكەر يارىلانغان.

■ 4- ئاينىڭ 2- كۈنى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ دۇبەي شەھىرىدىكى دۇبەي-ئەبۇزەبى تېز سۈرئەتلىك تاش يولىغا مۇرتەد ھاكىمىيەت تەرىپىدىن چوڭ ھەجىمدىكى بىر دانە بۇتنىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغان.

رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ: «مۇشرىكلارنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىقىرىۋېتىڭلار!» دېگەن بۇيرۇقىنى كۆزگە ئىلمىغان بۇ مۇرتەد ھاكىمىيەت بۇندىن ئىلگىرى 2- ئايدا رىم پاپىسى پوپ فرانسىسنى ئەرەب يېرىم ئارىلىغا زىيارەت قىلىشقا چاقىرغان ئىدى.

ئۇنىڭدىن سىرت، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە بۇددىستلارنىڭ بىر دانە بۇتخانىسى بىلەن خرىستىئانلارنىڭ توققۇز دانە چېركاۋى بار ئىكەن. ئۇلۇغ رەببىمىز الله زالىملارغا ئۆزى كۇپايە قىلسۇن! (ئامىن)

■ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا باستۇرۇش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان 22 يىل مابەينىدە ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە مەسچىتتىن تەخمىنەن 1200 يۈرۈشىنى چېقىۋەتكەن.

چېقىۋېتىلگەن تارىخى ئۇزۇن مەسچىدلەرنىڭ قاتارىدىن خوتەن ۋىلايىتىدىكى بىر مەسچىد ۋە يۈز يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە كېرىيە بايرام مەسچىدى قاتارلىقلارمۇ بار ئىكەن.

■ 4- ئاينىڭ 4- كۈنى بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرى سۇرىيىنىڭ ئىدلىب ۋىلايىتى كەفەرامبىل يېزىسىدىكى بىر مەشھۇر بازارغا قارىتا ھاۋا ھۇجۇمى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە بەش نەپەر كىچىك بالا ۋە ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 14 نەپەر مۇسۇلمان ھاياتىدىن ئايرىلغان.

■ 4- ئاينىڭ 4- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى موقدىشۇدا ساتقىن سومالى ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرى توپلاشقان ئورۇنغا قارىتا ماشىنا بومبا ھۇجۇمى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە بىر نەپەر ساقچى باشلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 16 نەپەر ساقچى ۋە ئىستىخبارات ئەمەلدارى ئۆلگەن.

■ 4- ئاينىڭ 5- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى بادغىس ۋىلايىتىنىڭ مۇرغاب رايونىدا ساتقىن ئارمىيىنىڭ بىر نۇقتىسىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە توققۇز نەپەر ساتقىن ئارمىيە ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە 24 نەپەر ئەسكەر ۋە ساقچى قورال-ياراغلىرى بىلەن مۇجاھىدلارغا تەسلىم بولغان.

■ 4- ئاينىڭ 7- كۈنى تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بىلەن ساتقىن ئافغان ئەسكەرلىرى ھېلماند ۋىلايىتىنىڭ باباجى رايونىدا بىر دوختۇرنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، دوختۇر بىلەن بىر كىشىنى شەھىد قىلىۋەتكەن ۋە ئۈچ نەپەر ئايالنى تۇتۇپ كەتكەن.

■ 4- ئاينىڭ 8- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتىنىڭ قانىلىدا بىلدۈرۈلۈشىچە، نەسىبۇللاھ ئىلياس ئىسىملىك بىر نەپەر پىدائىي قېرىندىشىمىز پەرۋان ۋىلايىتىنىڭ باگرام ناھىيىسىگە قاراشلىق باگرام ھاۋا ئارمىيە بازىسىنىڭ ئۈچىنچى دەرۋازىسىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئالتە نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە بىر دانە تانكا پۈتۈنلەي پاچاقلاپ تاشلانغان.

■ 4- ئاينىڭ 9- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ ھەلەب ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان خانتۇمان ئالدىنقى سەپ نۇقتىسىدا ئۈچ نەپەر ئەسەد ئەسكىرىنى مەرگەن قورالى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەن.

■ 4- ئاينىڭ 9- كۈنى ئەنسار تەۋھىد كەتىبىسىدىن ئۈچ نەپەر پىدائىي قېرىندىشىمىز سۈرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتى تايىبەتۇل ئىمام يېزىسىدىكى ئەسەد ئەسكەرلىرىنىڭ «ماداجىن» تەكشۈرۈش نۇقتىسىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئاز دېگەندە 30 نەپەر ئەسەد ئەسكىرى ئۆلگەن. بۇ ئەمەلىيەت توغرىسىدا تارقىتىلغان باياناتتا، بۇ ئەمەلىيەتنىڭ ئەسەد كۈچلىرىنىڭ مۇجاھىدلار كونتروللۇقىدىكى رايونلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان ھاۋا ھۇجۇملىرىغا قايتۇرۇلغان جاۋاب ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

■ 4- ئاينىڭ 9- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتىنىڭ قانىلىدا بىلدۈرۈلۈشىچە، بادغىس ۋىلايىتىنىڭ سىڭ ئاتەش ناھىيىسىدىكى ھۇجۇم ئەمەلىيىتىدە 16 نەپەر ساتقىن ئارمىيە ئەسكىرى ئۆلۈپ، 12 نەپەر ئەسكەر يارىلانغان ۋە 13 نەپەر ئەسكەر ئەسىرگە چۈشكەن. ئۇندىن باشقا ئۈچ دانە ئوق ئۆتمەس ماشىنا ۋە قورال-ياراقلار غەنىيمەت ئېلىنغان.

■ 4- ئاينىڭ 10- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ھېلماند ۋىلايىتىنىڭ ۋاشىر رايونىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ «B-52» تىپلىق بىر دانە يۈك توشۇغۇچى ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن، نەتىجىدە ئايروپىلان ئىچىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلگەن.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالىنىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته